# ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ISTIQLAL

ئاۋغۇست 2023 (ئومۇمىي 37 ـ سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



# شى تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەكىتلىدى

Istiqlal TV




خىتاي مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بېيجىڭدا يېقىنقى كۈنلەردە نۇرغۇن خىتايلارنىڭ جېنىنى ئالغان ۋە مال-مۈلۈككە زور زىيان سالغان يامغۇر ئاپىتىنىڭ 140 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر يامغۇر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

خىتاي رېجىمى ئېلان قىلغان باياناتتا، قاتتىق يامغۇردا چاڭپىڭدىكى ۋاڭجىياۋەن سۇ ئامبىرىدىكى يامغۇر مىقدارىنىڭ 744.8 مىللىمېتىرغا يەتكەنلىكى، 1891-يىلى خىتايدا قەيت قىلىنغان 609 مىللىمېتىرلىق ھۆل-يېغىن رېكورتىنى تۇنجى قېتىم بۇزۇپ تاشلىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

خىتاي رېجىمى ھەرخىل سىنلاردا ئاشكارا بولۇۋاتقان ئېغىر كەلكۈن ئېلىپ كەلگەن تالاپەتنى بولسا يەنىلا يوشۇرۇپ، بېيجىڭدا 11 خىتاينىڭ ئۆلگەنلىكىنى، 27 خىتاينىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن كۇپايىلەنگەن.

خىتاي تاراتقۇلىرى پۈتۈن خىتايدا بىر ھەپتە ئىچىدە 130 مىليونغا يېقىن كىشىنىڭ تەيفېڭ بورىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. نۆۋەتتە كەلكۈن ئاپىتى بېيجىڭغا قوشنا خېبېي ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، خېبېي ئۆلكىسىدە ئاپەت رايونلىرىدا ياشايدىغان 850 مىڭ كىشىنى قوشقاندا، جەمئىي بىر مىليون 200 مىڭ كىشى بىخەتەر جايلارغا تارقاقلاشتۇرۇلغان. غەربىي شەنشى ئۆلكىسىدە بولسا 42 مىڭ كىشى تارقاقلاشتۇرۇلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتايدا 1997-يىلى چىقىرىلغان كەلكۈن كونترول قىلىش قانۇنىغا ئاساسەن، خىتايدا تەسىس قىلىنغان 98 سۇ يىغىش كۆلىنىڭ 13ى خېبېي ئۆلكىسىدە ئىكەن. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ نۇرغۇن تارماقلىرى خېبېي ئۆلكىسىدە بىرلىشىدىغان بولغاچقا، شۇنداقلا سۇ يىغىش نۇقتىلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا ناھىيە، يېزا ۋە بازارلار جايلاشقان بولغاچقا، نۇرغۇنلىرى سۇ ئاستىدا قالغان.

خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرىنىڭ

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، 2-ئاۋغۇستتىن 6-ئاۋغۇستقىچە خىتاينىڭ خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاربىن قاتارلىق تۆت شەھىرىدىكى 21 ناھىيە ۋە رايوندا ئېغىر كەلكۈن كەلگەن. 90 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق زىرائەت ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋۇچاڭ شەھىرى ۋە شاڭجى شەھىرى ئاپەتنىڭ ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغان.

گەرچە ئاپەتتە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى نەچچە يۈز دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان سىنلار ئەھۋالنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېغىرلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بەزىسى سىنلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بىر قىسىم كەنت، يېزىلار پۈتۈنلەي سۇ ئاستىدا قالغان بولۇپ، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان خىتايلارنىڭ نالە-پەريادلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان. ئاپەت رايونىغا يېقىن خىتايلار بىخەتەر رايونلارغا يۆتكىلىش ئۈچۈن، تۇركۈملەپ يولغا چىققان بولۇپ، ماشىنىلار تېز سۈرئەتلىك تاشيوللاردا نەچچە ئون كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئۆچىرەت بولۇپ كەتكەن. سىنغا ئالغان خىتايلارنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇنداق ئېغىر ئاپەت ۋاقتىدىمۇ تاشيوللاردىكى ھەق ئېلىش پونكىتلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ماشىنىلاردىن ھەق ئېلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن.




خىتاي رېجىمى بېيجىڭ شەھىرىنى قوغداش ئۈچۈن، كەلكۈننى سۈنئىي ئۇسۇلدا باشقا شەھەرگە باشلاپ سۇغا غەرق قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئەيىبلەنمەكتە.

ئاۋسترالىيە دەۋرى گېزىتىنىڭ 8-ئاۋغۇست خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي رېجىمى بېيجىڭ شەھىرى ۋە شيوڭئەن يېڭى رايونىنى كەلكۈندىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، بېيجىڭغا تۇتىشىدىغان جوجۇ شەھىرى ۋە ئەتراپىدىكى رايونلارنى قالقان سۈپىتىدە قوللىنىپ، كەلكۈننى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇ يەرلەرگە باشلىغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، سۇ ئىنشائاتى مۇتەخەسسىسلىرى خىتاي رېجىمىنىڭ بېيجىڭنى قوغداش ئۈچۈن، دەريا قىنىنى تارايتىپ، جوجو

شەھىرىنى بېيجىڭنىڭ قالقىنى ھالىتىگە ئەكەلگەنلىكىنى، يەنە كېلىپ جۇجو شەھىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە كەلكۈندىن ساقلىنىش ئەسلىھەلىرى ۋە تەدبىرلىرى بىلەن تەمىنلىمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بېيجىڭدىكى كەلكۈن سۈيى جۇجو شەھىرىگە ئېقىپ بارمايدىكەن. ئەمما پىلانلاپ بەرپا قىلىنغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى سۇنئىي ئۇسۇلدا بېيجىڭدىكى ئاپەتنى جۇجو شەھىرىگە باشلاپ بارغان. نۆۋەتتە جۇجو شەھىرى خىتايدىكى ئەڭ ئېغىر ئاپەت رايونىغا ئايلانغان بولۇپ، شەھەردىكى خىتايلارنىڭ ئالتىدىن بىرى تارقاقلاشتۇرۇلغان.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 8-ئاۋغۇستتىكى ئانالىز خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتايدا ئاپەت داۋاملىشىۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي كومپارتىيەسى سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەتتە ئەزاسىدىن ھېچقايسىسى كۆرۈنمىگەن بولۇپ، پەقەت خىتاي مۇئاۋىن باش مىنىستىرى جاڭ گوچىڭنىڭ ئاپەت رايونىغا بارغانلىقى بىر-ئىككى قېتىم خەۋەر قىلىنغان.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات ئورگىنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 3-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 57 خىتاي مۇتەخەسسىس خىتاي رېجىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى تەكلىپى بېيدەيخېغا دەم ئېلىشقا بارغان بولۇپ، بۇ خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلارنىڭ كەلكۈن ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغان بېيدەيخېدا دەم ئېلىشىنى باشلىغانلىقى بىلدۈرىدىكەن. ھەقىقەتەن 1-ئاۋغۇستتىن باشلاپ خىتاي تاراتقۇلىرى خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرمىگەن.



BBC يېڭى ئېلان قىلغان تەپسىلىي خەۋەردە ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە ئەزالىرىغا تەھدىت سېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىگە قارىتا جاسۇسلۇق قىلىشقا قىستىغان. مۇھاجىرلار ۋە پائالىيەتچىلەرنىڭ BBC غا ئاشكارىلىشىچە، خىتاينىڭ بۇ خىل دۆلەت ھالقىپ قورقۇتۇش تاكتىكىسى ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىنى پارچىلاشقا باشلىغان.

BBC نىڭ 31-ئىيۇل خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي رېجىمى ئالتە-يەتتە يىلدىن بېرى ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشەلمىگەن ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا سىن ياكى تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشتۈرۈش ۋاسىتىسى بىلەن، چەت ئەلدە خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى كۆزىتىشكە مەجبۇرلىغان. خىتاي ئالدى بىلەن چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى نەچچە يىلدىن بېرى ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغان، شەرقىي تۈركىستاندا ھايات ياشاۋاتقان ئانىسى ياكى دادىسى بىلەن تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشتۈرگەن. بۇ جەريانلارنى خىتاي ساقچىلىرى نازارەت قىلىپ تۇرغان. ئارقىدىن ئۇلارنى تەدرىجىي ھالدا چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشقا مەجبۇرلىغان. ئاخىرىدا قىسمەن ئىرادىسى بوش ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى جەمئىيەت، تەشكىلاتلارنىڭ يىغىنىغا بېرىپ ئاخبارات توپلاپ، خىتايغا دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي رېجىمىنىڭ نازارەتچىلىكىدە ئاتا-ئانىسى ياكى تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئۇيغۇرلار ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن خىتايغا ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان. رەت قىلغۇچىلارغا خىتاي ساقچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان. خىتايغا ئىشلىگەن كىشىلەرنىڭ تۆيۈقسىز پۇلىنىڭ كۆپىيىپ، تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىپ قېلىشى بىلەن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، خىتاي ساقچىلىرى ئۇلارغا شىركەت قۇرۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلغان.

تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، بۇ خىل ئالاھىدە تاكتىكا ئادەتتە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، چەت ئەلدە خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش بەدىلىگە، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن سىنلىق ئالاقىلىشىش يوللىرىنى ئوچۇق قويىدىكەن ياكى كونترول قىلىدىكەن.

شېفىلد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتور داۋىد توبىن خىزمەتدىشى

نىيرولا ئەلىما بىلەن بىرلىكتە بۇ مەسىلىلەرگە ئائىت ئەڭ ئەتراپلىق تەتقىقاتلارنى ئىشلىگەن. ئۇلار بىر قانچە دۆلەتتە ياشاۋاتقان 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش قىلمىشىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىقىنى يەكۈنلىگەن.




ئامېرىكا ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلغان خىتاينىڭ ئىككى شىركىتىنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ۋاشىنگتون 1-ئاۋغۇست خىتاينىڭ يەنە ئىككى شىركەتنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى چەكلىگەن. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە چېتىشلىق ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار شىركەتلەرنى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىش ئارقىلىق، تەمىنلەش زەنجىرىدىن مەجبۇرىي ئەمگەك ئامىلىنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن.

ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، باتارېيە ئىشلەپچىقارغۇچى تۆگە گۇرۇھى ۋە خۇشپۇراق ۋە ئېكستراكت ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەت چېنگۇاڭ بىيوتېخنىكا گۇرۇھى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا ئاساسەن ئەڭ يېڭى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ئورۇنلار ئىكەن. بۇ ئىككى شىركەت خىتاي رېجىمى بىلەن ھەمكارلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغان.

ئامېرىكا سودا ۋەكىلى كاسرىن تاي بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان باياناتىدا: «بۇ قېتىملىق خىتاي شىركىتىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈش ئامېرىكىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكنى تۈگىتىشتىكى تەۋرەنمەس ۋەدىسىنى نامايان قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ مەقسىتى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ياسالغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلىنماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش» دېگەن.

دۆلەت بىخەتەرلىك ئىشلىرى مىنىستىرى ئالېھاندرو مايوركاس 1-ئاۋغۇست ئايرىم ئېلان قىلغان باياناتىدا: «بىز بارلىق شېرىكلىرىمىز بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلىنغان مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز» دېگەن.



# تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى ياپونىيە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتىنىڭ ياپونىيەدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە باشلىغان ۋە ياپونىيەدىكى دۆلەت ئەربابلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، ئاكادېمىكلار ۋە باشقا مۇھىم شەخسلەر بىلەن ئۇچرىشىش پىلانلانغان بىر ھەپتىلىك زىيارىتى داۋام قىلماقتا.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، بىرلىكنىڭ ياۋروپا تاشقى ئىشلار مەسئۇلى نىجات تۇرغۇن ۋە بىرلىك باش كاتىپى ئابدۇرېشىد ئەمىنھاجىدىن تەشكىللەنگەن ھەيئەت 1-ئاۋغۇست ياپونىيە پارلامېنت ئەزاسى ۋە خىتايغا قارشى خەلقئارا پارلامېنت ئەزالىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى خىروفۇمى رىيۇنى ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ياپونىيە خەلقىنىڭ ۋە دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان قوللىشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئىككى دوست خەلقنىڭ ئورتاق ئالىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق تېمىلاردا توختالدى.

ئارقىدىن ياپونىيەدىكى تەسىرى كۈچلۈك ئاسىيا-تىنچ ئوكيان سىياسىتى، ئىقتىساد ۋە سىياسەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى شىنجى كاۋاساكا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى 31-ئىيۇل كەچتە ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ

سابىق رەئىسى، رەۋز ئۇيغۇر رېستورانىنىڭ خوجايىنى خالمەت روزى ۋە ياپونىيەدىكى ياشلار بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتتە بولدى.

ھەيئەت يەنە ياپونىيە ئالىي پالاتا ئەزاسى شۇ ۋاتانابې ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قوللاپ كەلگەن پارلامېنت ئەزالىرىدىن ئىشى باش ۋە مارۇ ياما بىلەن كۆرۈشۈپ، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قوللىشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە مۇزاكىرىلەشتى.

ھەيئەت 2-ئاۋغۇست ياپونىيە كېڭەش پالاتاسىنى زىيارەت قىلىپ، كېڭەش پالاتاسى ئەزاسى كىيوشى ئۇئېدا بىلەن كۆرۈشتى. سۆھبەت جەريانىدا پۈتكۈل دۇنيا، شۇنداقلا ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىغا جايلاشقان دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياپونىيەنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت بولۇۋاتقان خىتايغا قارشى ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاق قۇرۇش ۋە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى.

ھەيئەت 3-ئاۋغۇست ياپونىيەنىڭ شىزۇئوكا ئىشتات پارلامېنتىنى زىيارەت قىلىپ، پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تانىزاۋا تاكاھىسا، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى رەئىسى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل پارلامېنت ئەزالىرى ۋە يەرلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تونۇشتۇردى. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا قىلىنىۋاتقان خىزمەتلەر ھەققىدە قىسقىچە دوكلات بېرىپ، ئۇلاردىن ياپونىيەدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش پىلانىغا ئاساسەن داۋاملىشىۋاتقان خىزمەتلەرنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى.

ھەيئەت 4-ئاۋغۇست توكيو دىنىي ئىشلار باشقارما رەئىسى، تۈركىيە مەدەنىيەت مەركىزى ۋە توكيو مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۇھەممەد رېشت ئالاس ۋە ياپونىيە ئىسلام مەركىزىنىڭ رەئىسى دوكتور مۇسا مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشتى.

ھەيئەت 5-ئاۋغۇست شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گېنېرال مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئىنىسى مۇسۇل مۇھىتىنىڭ توكيودىكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى.

ھەيئەت 7-ئاۋغۇست ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىپ، جەمئىيەت رەئىسى ئەھمەدجان لىتىپ ۋە ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتتە كەلگۈسىدە ياپونىيە ۋە خەلقئارادا داۋام قىلىنىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىندى.

ھەيئەت 8-ئاۋغۇست ياپونىيە پارلامېنت ئەزاسى جىن ماتسۇبارا ئەپەندىنى زىيارەت قىلدى. سۆھبەت جەريانىدا جىن ماتسۇبارا ئەپەندىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى ۋە ياپونىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ئالاقىدار خىزمەتلەر

ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. پارلامېنت ئەزاسى جىن ماتسۇبارا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ پېشقەدەم قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ياپونىيە پارلامېنتىدا مۇستەقىل دۆلەت مەسىلىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان تۇنجى پارلامېنت ئەزاسى ئىكەن.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە ياپونىيە كېيو ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ئىشلارنى باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى تومويۇكى فۇرۇتانى ۋە شونان فۇجىساۋا كومپۇس تەتقىقات ئورنى ۋە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى دوكتور شىڭگو ماسۇناگانى زىيارەت قىلدى.

ھەيئەتنىڭ زىيارىتى 8-ئاۋغۇستقىچە داۋاملاشقان بولۇپ، خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يىرىكلىشىۋاتقان، خىتاينىڭ بىخەتەرلىك تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقان ياپونىيەدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارالماقتا.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى ياپونىيەدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن باشلىغان بىر ھەپتىلىك زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مالايشىيا زىيارىتىنى باشلىدى.

ھەيئەت 8-ئاۋغۇست ياپونىيەدىكى ھەپتىلىك زىيارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، 9-ئاۋغۇستتىن باشلاپ مالايشىيا زىيارىتىنى باشلىدى ۋە پائالىيىتىنى مالايشىيا ئىسلام بىلىملىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلىشتىن باشلىدى.

بۇ جەرياندا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پروفېسسور ماھزان ئابدۇلمۇتەللىپ، خەلقئارا ئوقۇغۇچىلار فاكۇلتېت مۇدىرى دوكتور فاۋزىياھ ھاسان ۋە مالايشىيا

يەرشارى مائارىپ-تەلىم تەربىيە ئورگان مەسئۇللىرى بىلەن، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مالايشىيادا ئوخشىمىغان كەسىپلەردە تولۇق كۇرۇس، ئالىي مائارىپ بويىچە ئوقۇش ۋە تەربىيەلىنىش پۇرسىتى ھەققىدىكى تېمىلارنى مۇزاكىرە قىلدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ۋە بىرلىكنىڭ باش كاتىپى ئابدۇربشىد ئەمنهاجى 10-ئاۋغۇست مالايشىيادىكى ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى مالايشىيا خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىۋېرسىتېت رەھبەرلىرى كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەزكۇر خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىش ھەمدە ئالاھىدە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

ھەيئەت يەنە مالايشىيادىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن بىرى بولغان سېلانگور ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى پىروفېسسور، دوكتور مۇھەممەد ئوسمان ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى پىروفېسسور، دوكتور سىدىن ئەھمەد ئىسهاق بىلەن كۆرۈشتى. زىيارەت جەرياندا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە ئوقۇشىغا قولايلىق يارىتىش مەسىلىسى ھەققىدە ئۇنۇملۇك سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى.

ھەيئەت يەنە 11-ئاۋغۇست يەنە مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتى ABIM، يەرشارى تىنچلىق ئەلچىسى تەشكىلاتىنىڭ باشقۇرغۇچى ئەزالىرىنى زىيارەت قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئالدىنقى يىلى قۇرۇلغان «ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى» نىڭ ئىدارە ھەيئەت يىغىنىنى ئاچتى.

ھەيئەت 14-ئاۋغۇست مالايشىيادىكى يەرشارى تىنچلىق ئەلچىسى تەشكىلاتىنىڭ باشقۇرغۇچى ئەزالىرى بىلەن يىغىن ئاچتى. يىغىندا مالايشىيادا قۇرۇلغان «ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى»نىڭ كەلگۈسىدە مالايشىيا تەۋەلىكىدە ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان خىزمەت پىلانلىرى مۇزاكىرە قىلىندى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى 22 يىل باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسى ئۆتىگەن ماھاتىر مۇھەممەد دەۋرىدىن باشلاپلا مالايشىيادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى يىلتىز تارتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئەنۋەر ئىبراھىم باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدىمۇ ئىلگىرى بېسىلغان قەدەملەرنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئاساستا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەتمەكتە.




خىتاي 30-ئىيۇل «شىنجاڭ ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە قانداق چىڭ تۇرۇش كېرەك؟» تېمىسىدا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىتايچىلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

مەزكۇر يىغىننى خىتاي مەركىزىي سوتسىيالىزم ئىنىستىتۇتى، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمى» مەسئۇل بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، 20 دىن ئارتۇق دىنىي زات، دىن ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرى قاتنىشىپ، ئىسلام دىنىنى قانداق قىلىپ سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە چالۋاقاشقان.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر شەرقىي تۈركىستاندا «ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم بىلەن ئىسلام دىنىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاننى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، قۇرئاننى كۆڭزى ئىدىيەسى بىلەن شەرھلەپ، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» دېگەندەك سەپسەتىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمنى قانداق شەرھلەشتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەشكەن.

يىغىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى، ئاتالمىش «ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى»نىڭ رەئىسى ئابدۇرەقىب تۆمۈرنىياز سۆز قىلىپ: «يېڭى دەۋردە شىنجاڭدىكى دىنىي ساھەدىكى كىشىلەر ئۆزلۈك قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىدىيەۋى قۇرۇلۇشىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، مەدەنىيەت تارقىتىش ۋە قانۇن-نىزاملارغا رىئايە قىلىشتا ئاكتىپ رول ئويناپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ زور گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشۇشى كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان.

ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئىجتىمائىي

پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى گاۋ جيەنپىڭ سۆزىدە خىتايدىكى ئىسلام دىنى كىلاسسىك ئەدىبىيەسىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش تارىخىي تەجرىبىسىنى، بولۇپمۇ كۇڭزى تەلىماتى بىلەن مۇقەددەس كىتابلارنى ئىزاھلاش ئادىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، قۇرئاننى كۇڭزى ئەدىبىيەسىگە ئاساسەن شەرھلەپ، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇش... قاتارلىق پىلانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى قانداق ئۇسۇلدا شەرھلەشتىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

خىتاي ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۆھتەرەم شىرىپمۇ: «قۇرئاننى تەپسىر قىلىش ۋە ئىزاھلاش شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى» دەپ بىلجىرلىغان.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب تىلى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى شۇ چىڭگو ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە قۇرئاننى يېڭىدىن تەرجىمە قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ: «دەۋر توختىماي تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. قۇرئانغا ئوخشاش ئىسلام دىنى كىلاسسىك چۈشەنچىلىرىمىزمۇ دەۋر ۋە دۆلىتىمىزنىڭ رېئاللىقىغا ماس كېلىشى كېرەك. گەرچە ھازىرغىچە قۇرئان كەرىمنىڭ خىتايچە تەرجىمىلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ھەربىر تەرجىمىدە يەنىلا بەزى مەسىلىلەر بار، ئۇلار دەۋر روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ» دەپ جار سالغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان بارلىق دەپسەندىچىلىكلەرنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، 2018-يىلىدىن 2022-يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش» سەپسەتىسى قانۇنلاشتۇرۇلغاندىن بۇيان بېسىمنىڭ نەچچە ھەسسە كۈچەيگەنلىكىنى، 16 مىڭغا يېقىن مەسچىتنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكى ياكى بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك جايلارغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنى، دىنغا ئالاقىدار بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەر تولۇق چەكلىنىپ، خەلقنىڭ ئىسلامدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ خىل ئەشەددىي باستۇرۇشى، دىنغا ھاقارەت قىلىشى ئىسلام دۇنياسىنى خىتايغا قارشى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاھۇ-زارىنى ئاڭلىماسقا سالغانلىقى سەۋەبلىك، خىتاي ئەمدىلىكتە قۇرئان كەرىمنى بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلىش چوتىنى سوقۇشقا باشلىغانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ رەزىل پىلانىغا قارشى مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەكلىكىنى، ئىسلام دۇنياسىنىڭمۇ كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىپ، بۇ ئېغىر پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ بىر نەچچە پارلامېنت ئەزاسى بايدېن ھۆكۈمىتىنى خىتاي رېجىمىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك جازانى بىكار قىلىش تەلىپىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 3-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدىكى بىر نەچچە جۇمھۇرىيەتچى پارلامېنت ئەزاسى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە سودا مىنىستىرىغا بىرلىكتە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، خىتاينىڭ ئامېرىكىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك جازانى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتى 2-ئاۋغۇست بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى مايكىل مېكول، تاشقى ئىشلار كومىتېتى ھىندى-تىنچ ئوكيان ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى يوڭ كىم ۋە ئامېرىكا بىلەن خىتاي رېجىمى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت مەخسۇس كومىتېتىنىڭ رەئىسى مايك گالاگېر قاتارلىق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئۈچ پارلامېنت ئەزاسى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن ۋە سودا مىنىستىرى گىنا رېيموندوغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئامېرىكىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك جازانى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

پارلامېنت ئەزالىرى مەكتۇپىدا: «ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتىلغان جازا مەسىلىسىدە خىتاينىڭ قۇرۇق ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ، تۈپ كىشىلىك ھوقۇق قىممەت قارىشىمىزغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان جازانى يېنىكلىتىش مەسىلىسىدە مۇرەسسە قىلماسلىقىمىز لازىم» دېگەن.

پارلامېنت ئەزالىرى مەكتۇپىدا يەنە ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇنداق قىلسا، پرېزىدېنت بايدېننىڭ «كىشىلىك ھوقۇق بىزنىڭ تاشقى سىياسىتىمىزنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ» دېگەن سۆزىنى رەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

پارلامېنت ئەزالىرى مەكتۇپىدا يەنە: «بىز خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقنىڭ شەرتى سۈپىتىدە ئېكسپورت كونتروللۇقى ياكى جازانىڭ بىكار قىلىنىشىنى قوللىمايمىز. بىز نۆۋەتتە قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ پارلامېنتنىڭ كونترول قىلىش تەرتىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمىز» دېگەن.




خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى كۆمۈر بايلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ قېزىۋاتقان بولۇپ، كۈنىگە 33 مىڭ توننا كۆمۈر سىرتقا سېتىلماقتىكەن.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى خەلق تورىنىڭ خەۋىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي رىجىمى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى داۋاملىق كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 33 مىڭ توننا كۆمۈر سىرتقا سېتىلماقتىكەن. بۇ سان يەنە بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30% ئاشقان.

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۆلچەرلەنگەن كۆمۈر بايلىق مىقدارى 2 تىرىليون 190 مىليارد توننا بولۇپ، پۈتۈن خىتايدىكى كۆمۈر بايلىقىنىڭ 40% نى ئىگىلىگەن. خىتاي رىجىمى ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېنەن ئېنېرگىيە-خىمىيە سانائىتى گۇرۇھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنى بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازارغا ئېلىپ كىرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان كۆمۈرنىڭ كۆپ

قىسمى ئېلېكتىر ئىستانسىسىلىرىغا سېتىلغان.

قومۇل شەھىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈرنى سىرتقا توشۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇپ، گۇاڭخۇي ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى، ئاتالمىش «شىنجاڭ» جياڭنا كانچىلىق چەكلىك شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان كۆمۈر خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلغان. خىتاي رىجىمى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈرنى سىرتقا توشۇش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىلدىن بۇيان ئاتالمىش «لەنجۇ-شىنجاڭ» تۆمۈريولى، لىنخې-قومۇل تۆمۈريولى، گولمۇد-كورلا تۆمۈريولىدىن ئىبارەت «بىر ئاساسىي، ئىككى قوشۇمچە» يولنىڭ توشۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەن. نەتىجىدە ئالدىنقى يېرىم يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆمۈر يولدا كۆمۈر توشۇش مىقدارى 62 مىليون 740 مىڭ توننا بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.5% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ سىرتقا توشۇلغان كۆمۈر 26 مىليون 521 مىڭ توننا بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 13.8% ئاشۇرۇلغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رىجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى پەقەتلا خىتاينىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، ھەقىقىي ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلقنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، ھەتتە نامراتلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنىمۇ كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



شەرقىي تۈركىستاننىڭ نىلقا ناھىيەسىدىكى يېڭى بايقاشلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 3600 يىل بۇرۇنلا كۆمۈر يېقىلغۇسى ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ 8-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە باشقا ئورگانلارنىڭ تەتقىقاتچىلىرى بىرلىكتە بىر پارچە تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىپ، نىلقا ناھىيەسىدىكى كۆمۈر ئىشلىتىلگەن تارىخىي ئىزلارغا ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى سىستېمىلىق كۆمۈر كۆيدۈرۈش تارىخىنىڭ 3600 يىل ئىلگىرىگە سۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق ۋە مۇھىت ئىنستىتۇتى، ئاتالمىش «شىنجاڭ» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە خىتاي خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى بىرلىكتە ئىنسانلارنىڭ كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىش تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بولغان «ئەڭ بالدۇرقى سىستېمىلىق كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىش 3600 يىل ئىلگىرىگە سۈرۈلدى» ناملىق ئىلمىي ماقالىنى تەييارلىغان بولۇپ، «ئىلىم-پەن تەرەققىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 26-ئىيۇلدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

مەلۇم بولۇشىچە، تەتقىقاتچىلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ نىلقا ناھىيەسىگە جايلاشقان جىرىنتاي ئېغىزى خارابىسى ۋە قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئارقىلىق، كۆمۈر يېقىلغۇسىنىڭ سىستېمىلىق ئىشلىتىلگەنلىكىگە ئالاقىدار تارىخىي ئىسپاتلارنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىس تاۋلاش پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار ئىزلارنى بايقىغان. جىرىنتاي ئېغىزىدىكى سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش 2020-يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش، دەپنە قىلىش سۆپىسى قاتارلىقلار بايقالغان.

جىرىنتاي جىلغا ئېغىزى خارابىسى ۋە قەبرىستانلىقىنى نىلقا ناھىيەسى كۆكتوقۇر موڭغۇل يېزىسى چالچىقتال كەنتىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1500 مېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، قاش دەرياسىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر، كەڭلىكى 300 مېتىر كېلىدىغان جايغا توغرا كېلىدىكەن. خارابىلىكتىن كۆمۈر ئىشلەتكەنلىك ئىزناسىنىڭ بايقىلىشى ئىنسانلارنىڭ كۆمۈر ئىشلىتىشكە باشلىغان ۋاقتىنى يەنە 1000 يىل ئالدىغا سۈرگەن. بۇ يەردە جەمئىي 76 قەبرە بار بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەن. بۇنىڭدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا بالدۇر مەدەنىيەتلەشكەن خەلق ئىكەنلىكىنى، ئەينى ۋاقىتتىلا تەرەققىي قىلىپ مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكەن.

گەرچە شەرقىي تۈركىستاندىن ھازىرغا قەدەر كۆپلىگەن تارىخىي يادىكارلىقلار بايقالغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيەت سىياسىتىگە ماس ھالدا، بۇ تارىخىي ئىزلارنى خىتاي تارىخىنىڭ، خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.



# 17 ياشلىق ئۇيغۇر بوكس ماھىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمكارلىقى مۇسابىقىسىدە ئىككىنچى بولدى

مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمكارلىقى 2-نۆۋەتلىك خەلقئارا بوكس مۇسابىقىسىدە قىرغىزىستانلىق 17 ياشلىق ئۇيغۇر ماھىر ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى.

بېلارۇسىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن، 6-ئاۋغۇست باشلانغان مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمكارلىقى 2-نۆۋەتلىك خەلقئارا بوكس مۇسابىقىسىدە، قىرغىزىستانلىق ئۇيغۇر بوكس ماھىرى مۇھەممەد ئەزىز زەكىروفنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، تاللاش ۋە يېرىم ھەل قىلغۇچى مۇسابىقىدە ئارقا-ئارقىدىن تۈركمەنىستانلىق ۋە بېلارۇسىيەلىك ماھىرلارنى يېڭىپ، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن.

مۇھەممەد ئەزىز زەكىروف 12-ئاۋغۇست 80 كىلوگراملىقلار دەرىجىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېمپىيونلۇقنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە، ئۆزبېكىستانلىق بوكس ماھىرىغا ئۇتتۇرۇپ ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن.

مۇھەممەد ئەزىز زەكىروف قىرغىزىستان ياشلار دۆلەت كوماندىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، 80 كىلوگراملىقلار دەرىجىسى بويىچە بوكس مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ كەلمەكتە. ئۇ يېقىندىن بېرى قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە ئارقا-ئارقىدىن چېمپىيون بولۇپ شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. گەرچە ئۇ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئۆزبېكىستانلىق ماھىرغا ئۇتتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، بىراق 17 ياش تۇرۇپ بۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ئۇيغۇرلارنى سۆيۈندۈرمەكتە.



# پاكىستاندىكى خىتاي ئىنژېنېرلار ئەترىتى هۇجۇمغا ئۇچرىدى

پاكىستاننىڭ گىۋادار پورتىدىكى خىتاي ئىنژېنېرلار ئەترىتى هۇجۇمغا ئۇچرىغان بولۇپ، تۆت خىتاي، توققۇز پاكىستان ساقچىسى ئۆلگەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 13-ئاۋغۇست پاكىستاننىڭ غەربىدىكى بەلۇجىستان ئۆلكىسى گىۋادار پورتىدا خىتاي ئىنژېنېرلىرىغا قارىتىلغان ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش هۇجۇمى يۈز بەرگەن. هۇجۇم قىلغۇچىلار كەم دېگەندە تۆت خىتاي ۋە توققۇز پاكىستان ساقچىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي تاراتقۇلىرى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى يوشۇرۇپ، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى رەت قىلغان.

پاكىستان تاراتقۇلىرى بەلۇجىستان ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ باياناتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ هۇجۇمنى ئىككى بەلۇجىستان ئەسكىرى قوزغىغان بولۇپ، خىتاي ئىنژېنېرلىرىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش هۇجۇمى قىلغان. هۇجۇم قىلغۇچىلار ئاۋۋال خىتاي ئىنژېنېرلىرىنى قوغداۋاتقان پاكىستان ساقچىلىرى بىلەن كەسكىن قوراللىق توقۇنۇشقان، ئارقىدىن ئۆزىنى قوشۇپ پارتلاتقان بولۇپ، توقۇنۇش ئىككى سائەتتىن كۆپرەك داۋاملاشقان.

بەلۇجىستان ئارمىيەسى هۇجۇمنىڭ تەپسىلاتىنى بايانات ئارقىلىق ئاشكارىلاپ: «هازىرغىچە ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئاز دېگەندە تۆت خىتاي پۇقراسى ۋە توققۇز پاكىستان هەربىي خادىمى ئۆلۈپ بىر نەچچە كىشى يارىلاندى. بۇ پەقەت دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىگەن ئۇچۇر بولۇپ، كەلگۈسىدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىشى مۇمكىن» دېگەن.

پاكىستان تاراتقۇلىرى خىتايغا ماسلاشقان هالدا خەۋەر تارقىتىپ: «بەلۇجىستان قوراللىقلىرى قوزغىغان قوراللىق هۇجۇمدىن كېلىپ چىققان كەسكىن توقۇنۇشتا ئىككى بىخەتەرلىك خادىمى يارىلاندى. پاكىستان بىخەتەرلىك تارماقلىرى قوراللىقلارنىڭ هۇجۇمىنى

مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر تەرەپ قىلدى» دېگەن.

خىتاينىڭ «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» بولسا خىتاي ئىنژېنېرلىرى ئولتۇرغان ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ گۇۋادار ساقچىخانىسىنىڭ يېنىدا ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى، ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ ئىككى ئاپتوموبىل، بىر مىنىبۇستىن تەركىب تاپقانلىقىنى، ئاپتوموبىلدا ئوق ئۆتمەس ئۇسكۈنىلىرى بارلىقىنى، ھۇجۇم جەريانىدا ئاددىي ياسالغان بومبا پارتلاپ، مىنىبۇس ئوققا تۇتۇلغانلىقىنى، مىنىبۇس ئەينىكىدە ئوق تۆشۈكلىرى قالغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئىگىلىنىشچە، خىتاينىڭ رايوندا قىلغان يەر ئىگىلەش، مۇھىت بۇلغاش قاتارلىق زومىگەرلىك قىلمىشلىرى سەۋەبلىك، خىتاي ئىنژېنېرلىرىغا قارىتىلغان ھۇجۇم ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلگەن بولۇپ، خىتاي رېجىمى پاكىستان بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ كەلگەن. خىتاينىڭ بۇنىڭدىكى مەقسىتىنىڭ خىتاي ئىنژېنېرلىرى ۋە ئىشچىلىرىنىڭ رايوندا خىزمەت قىلىشىنى رەت قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.




دۇنيا مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلىكى 12-ئاۋغۇست ئىستانبۇلدا يەتتىنچى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ھەيئىتى يىغىنى، شۇنداقلا بىرلىكنىڭ بەشىنچى نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىشىدا ئالدى بىلەن بىرلىكنىڭ قۇرغۇچى رەئىسى مەرھۇم ئىمام شەيخ يۈسۈف قەرەداۋىينىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئەسلەپ ئۆتۈلدى. يىغىن داۋامىدا دۇنيا مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئىچكى خىزمەتلىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، قىلىنىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر ھەققىدە مۇھىم قارارلار چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ جۈملىسىدىن پەلەستىن ۋە ئەقسا مەسچىتى دۇچ كېلىۋاتقان خەتەرلەر ھەققىدە يېقىندا

خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش ۋە ئىسلام دۇنياسىدا ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشىغا قارشى تۇرۇش، مۇسۇلمان ئائىلە مەدەنىيىتىگە قىلىنىۋاتقان غايەت زور دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە مەخسۇس يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىدا ئاشكارا بولۇۋاتقان دىنسىزلىق ئېقىمى، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ھەل قىلىش چارىلىرى ھەققىدىمۇ مەخسۇس يىغىن ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

خۇلاسە باياناتىدا يەنە بىرلىكنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھەرقانداق مۇقەددەس سىمۋوللارغا قىلىنىۋاتقان دەخلى-تەرۇزلارنى، خۇسۇسەن يېقىندا غەربتە ئەۋجىگە چىقىۋاتقان قۇرئان كەرىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنىۋاتقان ئەخلاقسىز ھاقارەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقى تەكىتلەندى.

بىرلىك يەنە ئىسلام دۇنياسىدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى، بولۇپمۇ ئۆلىمالار، مۇتەپەككۇرلار ۋە پىكىر ئىگىلىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇشىنىڭ دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىرلىك يەنە نۆۋەتتە يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە تەھدىت شەكىللەندۈرۈۋاتقان ھەرخىل ئازغۇن يول ۋە پىكىرلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ چەكلىنىشى كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ۋە بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزگەرمەس قائىدىلىرىنى ۋە دىنىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاقىنى قوغداش ئۈچۈن تەشۋىقات مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇل ئورگانلارغا مەسلىھەت بېرىش ۋە يېتەكلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا چاقىردى.

بىرلىك يەنە روھىنگا ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېزىلگەن خەلقلەرگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىكنى بىكار قىلىشقا چاقىردى ۋە بۇ خەلقلەرنىڭ ئىبادەت قىلىش ھوقۇقى ۋە ئىنسانغا لايىق ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.



خىتاي تۈركىيەدە ئوقۇغان ياكى زىيارەتتە بولغان ئۇيغۇرلارغا قارىتا يېڭى بىر قېتىملىق قولغا ئېلىش ھەرىكىتى باشلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 15-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي رېجىمى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ساياھەتنى ئېچىۋەتكەنلىكىنى داۋراڭ قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئىلگىرى تۈركىيەدە ئوقۇغان ياكى زىيارەتتە بولغان ئۇيغۇرلارنى قايتا قولغا ئېلىش ھەرىكىتى باشلىغان. ئاتالمىش «شىنجاڭ» سەنئەت ئۆمىكى ئوركېستىرىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇر مودا ناخشىچىسى نۇرئەلى ھاجى 2010-يىللارنىڭ بېشىدا تۈركىيەگە كېلىپ مۇزىكا كەسپىدە ئوقۇغان بولۇپ، ئۇ ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن. بۇ خەۋەرنى نۇرئەلى ھاجىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر دوستى ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرىغا ئاشكارىلىغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، نۇرئەلى ھاجى قولغا ئېلىنغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئايالى ھامىلىدار بولغىنىغا توققۇز ئاي بولغان بولۇپ، يولدىشىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتكەن. نەتىجىدە توققۇز ئايلىق ھامىلە ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئۆلۈپ قالغان.

ئۇنىڭ مۇخبىرغا ئاشكارىلىشىچە، يېقىندا خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا «كەينىگە قاراش» ناملىق ھەرىكەتنى باشلىغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى قولغا ئېلىنىش خاتىرىسىنى تەكشۈرۈش ۋە پۇل-مېلى كۆپ بولغان ياكى باشقا ئامىللار سەۋەبىدىن ئىلگىرى قولغا ئېلىنمىغانلارنى يېڭىدىن قولغا ئېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. خىتاينىڭ بۇ قېتىملىق يېڭىدىن قولغا ئېلىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى تۈركىيەنى زىيارەت قىلغان ياكى تۈركىيەدە ئوقۇپ شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان ئۇيغۇرلار ئىكەن.

نۇر ئەلى ھاجى ئالدى بىلەن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەخسۇس تۈرك تىلىنى ئۆگەنگەن. ئارقىدىن مۇزىكا كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، 2014-يىلى تۈركىيەدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەتكەن. دوستلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، نۇر ئەلى ھاجى تۈركىيەدىكى مەزگىلىدە قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇپ، ھەر قانداق سىياسىي ھەرىكەت ۋە خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان تەشكىلات ۋە كىشىلەردىن يىراق تۇرغان.

نۇر ئەلى ھاجى تۈركىيەنى زىيارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان بىردىنبىر ناخشىچى ئەمەس بولۇپ، ئامېرىكا ئاۋازى رادىيوسىغا بىلدۈرۈلگەن ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىككى يىل ئىلگىرى يەنە بىر داڭلىق ناخشىچى شىرئەلى ئەلتېكىن خىتاي رېجىمى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. ئۇمۇ 2010-يىللارنىڭ بېشىدا تۈركىيەگە بارغان. گەرچە شىرئەلى ئەلتېكىن خىتايچە «شى چوڭام» (习大大) ناملىق ناخشىسىنى ئورۇنلاپ، شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ سىياسىتىنى ماختىغان بولسىمۇ، بۇلار ئۇنىڭ تۈركىيە زىيارىتى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنىشىنى توسۇپ قالالمىغان.




خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغاندىن باشلاپ ئاققۇنلىرىنى ھەرخىل ناملار بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كەلگەن خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاتالمىش «شىنجاڭنى خىتايلاشتۇرۇش» نامىدا خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ قېتىم ئاتالمىش «ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچى پېدائىيلار مۇلازىمىتى» نامىدا شەرقىي تۈركىستانغا مەخسۇس تۈر بويىچە خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرگەن.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 17-ئاۋغۇست خەۋەر قىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمى 15-ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە 2023-2024يىللىق ئاتالمىش «ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى پېدائىيلار مۇلازىمىتى» نامىدا غەربىي قىسىم پىلانى بويىچە مەخسۇس خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

مۇراسىمغا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»نىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي، قورچاق ئەمەلدارلاردىن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى زۇمرەت ئوبۇل، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن قاتارلىقلار قاتناشقان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ يىل ئاتالمىش «ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى پېدائىيلار مۇلازىمىتى» غەربىي قىسىم پىلانى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى بولۇپ، 20 يىلدىن بۇيان خىتاي ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بۇ نامدا 44 مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئاققۇننى ئاتالمىش «ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق» نامىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەر، ناھىيەلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان. 2023-2024يىللىق ئاتالمىش «شىنجاڭ غەربىي قىسىم پىلانى» بويىچە شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈلگەن خىتاينىڭ سانى 10 مىڭدىن ئاشقان. بۇ ئاققۇن خىتايلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ 30 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق

شەھەرلىرىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.

ئۆتكەن يىلى خىتاي خەۋەر مەنبەلىرىدىن ئىگىلىنىشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن خىتاي ئاققۇنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ يەرلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى پىلانلىق ھالدا داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، 2022-يىلى پۈتۈن خىتايدىكى 2300 دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپتىن كەلگەن 250 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلار ئاتالمىش «غەربىي رايون پىلانى»، يەنى شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش پىلانىغا تىزىملاتقان.

ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تۈركۈملەپ خىتاي ئاققۇنلىرىنى يەرلەشتۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان سان-ساناقسىز ئالىي مەلۇماتلىق ياشلار ئىشسىز قالماقتا ياكى «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» نامى بىلەن خىتاي ئۆلكىلەرگە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنماقتا.




خىتاي ئىشلەپچىقارغان كالتە ئىشتانغا «ئاللاھ، مۇھەممەد» دېگەن مۇبارەك ئىسىملارنىڭ بېسىلىشى دىققەت قوزغىدى.

17-ئاۋغۇست لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت فېيسبۇك سەھىپىسىدە ھەمبەھىرلىگەن بىر مىنۇتلۇق سىن ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا دىققەت قوزغىدى. خىتاي ئىشلەپچىقارغان كالتە ئىشتانغا «ئاللاھ، مۇھەممەد» دېگەن مۇبارەك ئىسىملارنىڭ بېسىلىشى دىققەت قوزغىغان بولۇپ، مەزكۇر سىن ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە كۆپلەپ تارقالدى.

سىندا كۆرسىتىلىشىچە، كالتە ئىشتاننىڭ ئالدى ۋە ئارقىسىدا كۆپلىگەن يەرلەرگە «ئاللاھ، مۇھەممەد» دېگەن ئەرەبچە ھۆسنخەت بېسىلغان. ئۇندىن باشقا، بۇ ئىشتانغا يەنە چوشقىنىڭ بېشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۈرەتمۇ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئىسمىنى چوشقا بېشى بىلەن بىر قاتارغا مەقسەتلىك تىزىپ قويغانلىقىنى بىلىش قىيىن ئەمەس ئىكەن. سىننى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم خىتاينىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدىكەن. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان كىشىلەر ئىشتاننى ساتقان دۇكانغىمۇ بارغان، بىراق سىنغا ئالغان كىشى دۇكاننىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان.

خىتاينىڭ ئىسلام دۈشمەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ۋەقەلەر ئىلگىرىمۇ خەلقئارادا كۆپ قېتىم ئاشكارىلانغانىدى. 2021-يىلى خىتاينىڭ مەلۇم شەھىرىدىكى بىر ئاشخانىنىڭ ئىچىگە قۇرئان ئايەتلىرى ۋە شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان چاقچۇق ياتقۇزۇلغان بولۇپ، خىتايلارنىڭ بۇ چاقچۇقلارنى دەسسەپ ئولتۇرغانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەر تارقالغاندىن كېيىن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىغانىدى. سىن تارقالغاندىن كېيىن ھەر قايسى تەشكىلات ۋەكىللىرى، ئۆلىمالار، جامائەت ئەرباپلىرى ۋە پائالىيەتچىلەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق ھەر خىل تىلدا بايانات ۋە چاقىرىقلارنى ئېلان قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنى خىتاينىڭ بۇ ھاقارىتىگە ئىنكاس قايتۇرۇشقا، ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرغانىدى.




6-نۆۋەتلىك «ھۆررا لوڭقىسى»نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى 8-ئاۋغۇست ئىستانبۇلدا رەسمىي باشلاندى.

مەزكۇر مۇسابىقىنى شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئىستانبۇلنىڭ كۈچۈكچەكمەجە سەفاكۆي رايونىغا جايلاشقان نىھات يۈجەۋۆر پۇتبول مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

مۇسابىقىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا ئالدى بىلەن 6-نۆۋەتلىك «ھۆررا لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغان 12 كوماندا تەرتىپ بىلەن مەيدانغا كىردى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان بىلەن تۈركىيەنىڭ دۆلەت مارشى ئوقۇلدى.

مۇراسىمدا شەرقىي تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىمام ھەسەن ئۆزتۈرك، شەرقىي تۈركىستان

مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ھىرا تەلىم-تەربىيە جەمئىيىتى رەئىسى لوقمانجان ھىرا، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان قاتارلىقلار ئېچىلىش سۆزى قىلدى.

ئون كۈن داۋاملاشقان 18-ئاۋغۇست غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىملىق «ھۆررا لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىگە قاتناشقا 11 كوماندىغا خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلىندى. چېمپىيون بولغان ئەينەك كوماندىسىغا لوڭقا، مېدال، 10 مىڭ لىرا نەق پۇل مۇكاپات بېرىلدى .ئىككىنچى بولغان قەلبداشلار كوماندىسىغا لوڭقا، مېدال، 6000 لىرا نەق پۇل مۇكاپات بېرىلدى. ئۈچىنچى بولغان ئانا يۇرت كوماندىسىغا لوڭقا، مېدال ۋە 4000 لىرا نەق پۇل مۇكاپات بېرىلدى. ئەينەك كوماندىسى بۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە چېمپىيون بولغاندىن باشقا، ئەينەك كوماندا ئەزالىرى ئىچىدىن پاكىزات «مۇنەۋۋەر ۋارتا»، كەۋسەر «مۇنەۋۋەر ھۇجۇمچى»، سەردال «مۇنەۋۋەر ياش چولپان» بولۇپ تاللىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئاخىردا «ھۆررا لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان مېدىيا ۋە تەشۋىقات جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى، سۇتۇق بۇغراخان ۋەقفى، ھىرا مائارىپى، شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتىگە خاتىرە بۇيۇمى ھەدىيە قىلىندى. مەزكۇر جەمئىيەت رەھبەرلىرى كوماندا ۋە ماھىرلار ئېرىشكەن مۇكاپات ۋە ھەدىيەلەرنى تارقىتىپ بەردى.




ختاي رېجىمى ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆزنى بوياش ئۈچۈن، 19-ئاۋغۇست ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن بىر ئۆمەكنى تەكلىپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى «زىيارەت» قىلدۇردى.

ختاي تەشۋىقات ئورگىنى ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ختاي رېجىمى جىبۇتىنىڭ ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى ۋەكىلى، مەزكۇر ئۆمەكنىڭ باشلىقى زىيائۇددىن بامەخرەمەنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئۆمەكنى 19-ئاۋغۇست شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدۇرۇشقا باشلىغان. ئۆمەك 21 دۆلەتنىڭ ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق

دائىمىي ۋەكىللىرى ۋە تەشكىلات كاتىبات باشقارمىسىنىڭ بەش ئەمەلدارىدىن تەركىب تاپقان.

زىيارەتنىڭ بېشىدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»نىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ قورچاق رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى، شۇنداقلا قورچاق ئەمەلدارلاردىن ئىلزات ئەخمەت، ئابدۇرەقىب تۆمۈرنىياز قاتارلىقلار ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشۈپ، يىغىن ئاچقان.

ئارقىدىن خىتاي رېجىمى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تۇنجى بولۇپ ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى بىر قىسىم بازارلارنى، كېيىم-كېچەك زاۋۇتىنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، بۇ ئورۇننى خىتاي رېجىمىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان رايون، دەپ تونۇشتۇرغان، شۇنداقلا زىيارەت ئۆمىكىنى ئالدىن تەييارلانغان قىرغىز كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدە كۈتۈۋالغان.

خىتاي خەۋەرلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، زىيارەت ئۆمىكىدىكى ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى كاتىبات باشقارمىسى، سەئۇدى ئەرەبىستان، گامبىيە، ماۋرىتانىيە ۋە پاكىستان ۋەكىللىرى زىيارەتتىن كېيىن خىتاينىڭ كۈتكىنى بويىچە بىلجىرلاپ: «خىتاي بىلەن ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى دۇنيانى تىنچ
بىرگە ئۆتۈش مۇھىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتتە ئۈلگە تىكلىدى. خىتاي شىنجاڭدىكى خەلقنى زوراۋان تېررورلۇق ۋە مالىمانچىلىق ۋە قورقۇنچتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇقىم ۋە بەختلىك ھاياتقا ئېرىشتۈردى. نەق مەيدان زىيارىتى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىشكە پايدىلىق» دېگەن.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋەكىللىرىنىڭ زىيارىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن نارازىلىق باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىككە ھەمدە ئىسلامىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا چاقىرغانىدى.

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، جۈملىدىن ئىسلامغا قارشى تېررور سىياسىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسىدىن ھەرخىل ناملار بىلەن ئۆمەك تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ساختا سەھنە، مەيدانلارنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ پۈتۈنلەي قوغدالغانلىقىنى، دىنىي ئەركىنلىكىنىڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى جار سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى تەشۋىقاتىدا ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش»، «دىنىنى سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇش» دېگەندەك سەپسەتىلەر بىلەن جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.



خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك، خەلقئارالىق بېسىم ۋە تۈرلۈك جازالارغا ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان بايلىقلار داۋاملىق شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق چەت ئەلگە توشۇلماقتا. جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستاندىن ياۋروپا بارىدىغان نۆۋەتچى پويىز ئالدىنقى ئون يىلدا جەمئىي 8000 قېتىمدىن ئارتۇق قاتنىغان.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە جېڭجۇ-شەرقىي تۈركىستان-ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى جەمئىي 8000 قېتىمدىن ئارتۇق قاتنىغان بولۇپ، يىلدىن-يىلغا ئېشىپ ماڭغان. مەزكۇر لىنىيەدە 2013-يىلى پۈتۈن يىلدا 13 نۆۋەتچى پويىز قاتنىغان بولسا، بۇ يىل پەقەت ئالدىنقى ئايدىلا 325 نۆۋەتچى پويىز قاتنىغان. توشۇلغانماللارنىڭ تۈرى بولسا ئون مىڭ خىلدىن ئاشقان.

خىتاي رېجىمى خەلقئارالىق جازا ۋە بېسىملارغا قارىماي، بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكتىن غايەت زور مەنپەئەتكە ئېرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگرا ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تۆمۈر يول لىنىيەسى ئارقىلىق ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە يەتكۈزگەن. بۇ ئارقىلىق ئاۋىياتسىيە ترانسپورتىنىڭ قىممەت، دېڭىز ترانسپورتىنىڭ ئاستا بولۇشتەك كەمچىللىكلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ كۆپ پايدا ۋە ئەۋزەللىككە ئېرىشكەن.




ئامېرىكا سودا مىنىستىرىنىڭ خىتاي زىيارىتى يېقىنلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ 27 شىركەت، ئورگىنىغا يۈرگۈزۈلگەن جازانى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى 21-ئاۋغۇست مەزكۇر قارارنى ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ 27 شىركەت، ئورگىنى «تەستىقلاشتىن ئۆتمىگەنلەر» تىزىملىكىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىدىن باشقا، يەنە ئىككى خىتاي ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ بار ئىكەن.

«تەستىقلاشتىن ئۆتمىگەنلەر» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن شىركەت ياكى ئورگانلار ئامېرىكىنىڭ شىركەت ياكى ئورگان-تەشكىلاتلىرىدىن مەھسۇلات سېتىۋالماقچى بولسا، چوقۇم ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقىغا

ئىجازەتنامە ئىلتىماسى سۇنۇشى كېرەك ئىكەن. ئەكسىچە بولغاندا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىپ جازالىنىدىكەن.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى بۇ ھەقتىكى باياناتىدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەزكۇر شىركەت، ئورگانلارنىڭ «قانۇنلۇق ۋە ئىشەنچلىك» ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك جازا تىزىملىكىدىن چىقارغانلىقىنى قەيت قىلغان. خىتاي تەرەپ بولسا ئامېرىكىنىڭ بۇ قارارىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا سودا مىنىستىرى جىنا رېموندو خىتاي سودا مىنىستىرى ۋاڭ ۋېنتاۋنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 27-ئاۋغۇستتىن 30-ئاۋغۇستقىچە خىتايدا زىيارەتتە بولىدىكەن.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى جېك سۇلىۋان ئامېرىكا سودا مىنىستىرىنىڭ خىتاي زىيارىتى ھەققىدە توختىلىپ، ئامېرىكىنىڭ خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئۈزۈش ياكى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئاجىزلىتىش نىيىتى يوقلۇقىنى، بەلكى خەتەرنى ئازلىتىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئۇ ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ نۆۋەتتە كەسكىن رىقابەتلىشىۋاتقانلىقىنى، ئەمما كەسكىن رىقابەت جەريانىدا قويۇق دىپلوماتىيە ئارقىلىق كونترول قىلىپ، رىقابەتنىڭ توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.




## كانادا يەنە ئۈچ داڭلىق شىركەتنى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى سەۋەبلىك تەكشۈردى

كانادانىڭ كارخانا نازارەت ئورگىنى Hugo Boss، Walmart ۋە Diesel قاتارلىق ئۈچ شىركەتنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان بولۇپ، مەزكۇر داڭلىق ماركىلار ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق بولۇش بىلەن ئەيىبلەنگەن.

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇلتۇر 28 ئاممىۋى تەشكىلات بىرلىكتە كانادانىڭ كارخانا نازارەت ئورگىنىغا شىكايەت سۇنۇپ، Hugo Boss، Walmart ۋە Diesel قاتارلىق ئۈچ شىركەتنى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق بولۇش بىلەن ئەيىبلىگەن. ئەمما ئۈچ شىركەتنىڭ ھەممىسى ئالاقىدار ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىپلا قالماي، مۇپەتتىشنىڭ دەسلەپكى قەدەملىك تەكشۈرۈشكە ماسلىشىشىنى رەت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇل مۇپەتتىش بۇ ھەقتىكى شىكايەتكە ئاساسەن تەكشۈرۈشنى باشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

كانادا كارخانا نازارەت ئورگىنى يېقىنقى بىر-ئىككى ئاي ئىچىدە رالف لورېن، نايك ۋە سۇلالە ئالتۇن كان شىركىتى قاتارلىق خەلقئارالىق شىركەتلەر ھەققىدە تەكشۈرۈش باشلىغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوخشاش تەرىقىدە ئەيىبلەنگەنىدى.

كانادا ئەمگەك مىنىستىرى بۇ يىل ئىيۇن ئېيىدىكى باياناتىدا كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ كېلەر يىلى قانۇن چىقىرىپ، كانادانىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەيدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى.



## شى جىنپىڭ تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى قايتا تەكىتلىدى

خىتاي رېجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ 15-قېتىملىق باشلىقلار ئۇچرىشىشىدىن قايتىپ، 26-ئاۋغۇست ئۈرۈمچىگە بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ تۇيۇقسىز زىيارىتى دىققەت قوزغىماقتا.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ باش جىنايەتچىسى شى جىنپىڭ ئالدىنقى ھەپتە كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ 15-قېتىملىق باشلىقلار ئۇچرىشىشىغا قاتناشقان بولۇپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 26-ئاۋغۇست تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىگە بارغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان تېررور سىياسەتلىرىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

شى جىنپىڭ ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان يىغىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت» ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ چىققان ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايغا نىسبەتەن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ داۋاملىق كۈچەيتىلىپ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش»، «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»، «مۇقىملىقنى كۈچەيتىش»، «تېررورلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىش»، «ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش»، «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى تۈزەش» قاتارلىق تېررور

سىياسەتلىرىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ ئىجرا قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالغان.

شى جىنپىڭ يىغىنىدا يەنە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ساختا تەشۋىقات ھەرىكىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەكلىكىگە ئىشارەت قىلىپ، ئاتالمىش «ئىجابىي تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش»، «قاراتمىلىق ھالدا تۈرلۈك ساختا ئاممىۋى پىكىر، سەلبىي ئاممىۋى پىكىر، زىيانلىق سۆزلەرگە رەددىيە بېرىش»، «دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى ساياھەتكە كېلىشكە ئىلھاملاندۇرۇش» قاتارلىقلارنى تەكىتلىگەن.

شى جىنپىڭ 2014-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە جازا لاگېرىغا قاماش ھەرىكىتى جىددىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغانىدى. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتۈپ، 2022-يىلى 7-ئايدا شى جىنپىڭ ئۈرۈمچىنى تۇيۇقسىز زىيارەت قىلىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ كۈتكىنىدەك ئىجرا قىلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپلا ئۇنىڭ ئۈرۈمچىنى قايتا زىيارەت قىلىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا.




ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى»نى ئىجرا قىلىشقا باشلىغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ تاموژنا تارماقلىرى بۇ جەرياندا بىر يېرىم مىليارد دوللار قىممىتىدىكى ماللارنى تۇتۇپ قالغان. ئەمما بىر قىسىم شىركەتلەر يەنىلا بۇ قانۇندىن ئەگىپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنماقتىكەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 29-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى» رەسمىي ماقۇللىنىپ، ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇري ئەمگەككە چېتىشلىق دەپ قارالغان جەمئىي بىر مىليارد 400 مىليون دوللار قىممىتىدىكى مالنى تۇتۇپ قالغان. ئەمما پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىشتىن قۇياش

ئېنېرگىيەسى مەھسۇلاتلىرىغىچە بولغان تۈرلۈك ساھەلەردە يەنىلا مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىش ئەھۋالى مەۋجۇت ئىكەن.


ئانالىزچىلار بۇ ھەقتە توختىلىپ، بازارنىڭ زور ئېھتىياجى بولسىلا، يەنىلا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدىغانلىقىنى، شىركەت-كارخانىلارنىڭمۇ مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئورنىنى ئۆزگەرتىشكە ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»دىن ئەگىپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنىدىغانلىقىنى تەكىتلەشكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئەنگلىيە شېفىلد ھاللام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھېلېنا كېنېدى خەلقئارا ئەدلىيە مەركىزى يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان قۇياش ئېنېرگىيەسى مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئالاقىدار باھالاش دوكلاتى ئېلان قىلغان. دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىجرا قىلىۋاتقان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»غا قارىماي، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە تاختىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلماقتىكەن. قۇياش ئېنېرگىيەلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر قىسىم شىركەتلەر «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن، پەقەت ئامېرىكا بازىرى ئۈچۈنلا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق بولمىغان تەمىنلەش زەنجىرى قۇرۇپ چىققان. ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن.

ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپتە ئىمپورت چەكلىمىسى ئاساسلىق كىيىم-كېچەك، پاختا، پەمىدۇر ۋە كۆپ كىرىستاللىق كىرېمنىي قاتارلىق تۆت خىل مەھسۇلاتقا مەركەزلەشكەن. ئەمما كېيىنچە يەنە تۇكلۇق ئاپتوموبىل باتارېيەسى، دورا، ماشىنا زاپچاسلىرى ۋە بىر قىسىم مېتاللارغىچە كېڭەيگەن. بۇ تېخىمۇ كۆپلىگەن ساھەلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، گەرچە شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشى قانۇنىي ئاساس بىلەن توسۇپ قېلىنغان بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ياۋروپا ئىتتىپاقى، كانادا ۋە بىر قىسىم لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى رەسمىي قانۇن تۈرغۈزۈپ چەكلەش جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن ماس قەدەمدە ماڭمىغان. بۇ سەۋەبلىك مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى ئامېرىكىدىن باشقا دۆلەتلەرگە داۋاملىق ئوچۇق-ئاشكارا ئىمپورت قىلىنىپ كەلگەن.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ماقۇللانغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى» بۇلتۇر 21-ئىيۇندىن تارتىپ رەسمىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغانىدى. مەزكۇر قانۇنغا ئاساسەن، مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقى ئىسپاتلانمىغان تەقدىردە، شەرقىي تۈركىستاندا ياكى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمىغا چېتىشلىق زاۋۇت-كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق مەھسۇلاتلار مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلىنىشى چەكلەنگەنىدى.




ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى 30-ئاۋغۇست خىتاي زىيارىتىنى باشلىغان بولۇپ، بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ تىلغا ئالغان.

ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جېيمىس كىلېۋېرلى 30-ئاۋغۇست خىتاي زىيارىتىنى باشلىغان بولۇپ، ئۇ بەش يىلدىن بۇيان خىتاينى زىيارەت قىلغان تۇنجى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ھېسابلىنىدىكەن.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، جېيمىس كىلېۋېرلى بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن خىتاي رېجىمى مۇئاۋىن رەئىسى خەن جېڭ ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، ھەر قېتىملىق كۆرۈشۈشتە ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى تىلغا ئالغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

جېيمىس كىلېۋېرلى دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولغان خىتاينىڭ يالغۇز قالدۇرۇشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، ئەنگلىيەنىڭ خىتاي بىلەن ئالاقىدە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئەنگلىيە تەرەپنىڭ بىلدۈرۈشىچە، جېيمىس كىلېۋېرلى زىيارەت جەريانىدا تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت ئۈچۈن مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، خىتاينى ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرىغا قاراتقان جازانى بىكار قىلىشقا چاقىرغان. ئۇ يەنە ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىنىشىغا بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلىگەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن تۈنۈگۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات يىغىنىدا مۇخبىرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا دۈچ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بىلەن خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە خەلقئارالىق مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشكەنلىكى، ئەنگلىيەنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى، خوڭكوڭ، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت مەسىلىلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە جار سالغان.




ئەنگلىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جېيمىس كلېۋېرلىينىڭ خىتاي زىيارىتىدىن ئىلگىرى ئېلان قىلغان رەسمىي ھۆججەتتە تەيۋەنگە تۇنجى قېتىم «مۇستەقىل دۆلەت» دەپ ئېنىقلىما بەردى. تەيۋەن ئەنگلىيەگە رەھمەت ئېيتتى ۋە خىتاي بۇنىڭغا قارشى ئىنكاس قايتۇردى.

تاراتقۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئەنگلىيە پارلامېنتى خىتاي-ئەنگلىيە مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان كەسكىن بىر قەدەم باسقان بولۇپ، ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسىنىڭ تاشقى ئىشلار كومىتېتى ئېلان قىلغان دوكلاتىدا تەيۋەن تۇنجى قېتىم «مۇستەقىل دۆلەت» دەپ تىلغا ئېلىنغان.

كومىتېت دوكلاتىدا: «تەيۋەن ھازىر خىتاي جۇمھۇرىيىتى نامىدا مۇستەقىل بىر دۆلەت. تەيۋەن دائىملىق نوپۇسقا ئىگە، ئېنىقلىما بېرىلگەن رايون ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا دۆلەت بولۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بارلىق سۈپەتلەرگە ئىگە. بىردىنبىر كەم يېرى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە خەلقئارالىق ئېتىراپ قىلىنىشتۇر» دېيىلگەن.

كومىتېت رەئىسى ئالىكيا كېرنس ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ دوكلاتتا تۇنجى قېتىم بۇنداق باياناتنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «بۇ ئەنگلىيەنىڭ قىممەت قارىشىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيادىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ زوراۋانلىق ياكى مەجبۇرلاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلمەيدىغانلىقىدەك ئاچچىق ئۈچۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن.

دوكلاتتا يەنە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەنقىد قىلىنىپ، تەيۋەننى قوللاشتا تولۇق جاسارەتلىك بولالمىغانلىقى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئەنگلىيە ئەگەر خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى بىئارام قىلىشتىن بەك ئېھتىيات قىلىپ كەتمىگەن بولسا، تەيۋەن بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

تەيۋەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ: «بىز ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ تەيۋەننىڭ ئورنىنى قوللىغانلىقى ۋە تەيۋەننىڭ خەلقئارالىق سورۇنلارغا قاتنىشىشىغا ھەمدەمدە بولغانلىقىغا مىننەتدار» دېگەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن بولسا دوكلاتتىكى باياناتقا قارشى چىقىپ: «خىتاي ئەنگلىيە پارلامېنتىنى بىر خىتاي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەيۋەن بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە خاتا سىگنال بېرىشنى توختىتىشقا چاقىرىدۇ» دەپ بىلجىرلىغان.




خىتاي دۆلەت ھالقىپ باستۇرۇش جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە ئەزالىرىغا تەھدىت سالماقتا.




ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولغان خىتاي بارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنماقتا.

# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر: ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

تەھرىر: ي. قۇرۇم

لايىھەلىگۈچى: سەيپىدىن تارىم

كارىكاتۇر: رادۋا ئادىل

نەشر قىلغۇچى ئورۇن: شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

نەشر تۈرى: ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئادرېس: Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2
Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

info@istiqlalmedia.com
www.istiqlalmedia.com www.istiqlalhaber.com
+90 553 895 19 33 +90 212 540 31 15
+90 541 797 77 00



DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى